# ئىستىقلال ئاۋازى

## ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

ئومۇمىي 22 ـ سان
ماي 2022

توغرا تەشۋىقات ئويغىنىشنىڭ تۇنجى باسقۇچىدۇر



# يېڭى ئىسپاتلار ئاشكارلاندى





DOĞU TÜRKİSTAN
BASIN VE MEDYA DERNEĞİ
شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى

Istiqlal TV
Istiqlal TV
Istiqlal TV
Istiqlal TV




ژۇرنالىستلارنى قوغداش كومىتېتى ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى تۈرمىگە قامالغان ژۇرنالىستلار ھەققىدە ئەڭ يېڭى دوكلاتىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، 2021-يىلى 12-ئاينىڭ 1-كۈنىگىچە دۇنيا بويىچە جەمئىي 293 ژۇرنالىستنىڭ تۈرمىگە قامالغانلىقىنى، خىتاي تۇتقۇن قىلغان ژۇرنالىستلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ 44% نى تەشكىل قىلىدىغانلىقىنى ئاشكارىلىغان.

ژۇرنالىستلارنى قوغداش كومىتېتى يېقىندىن ئېلان قىلغان دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تۈرمىگە قامالغان ژۇرنالىستلار ھەققىدىكى دوكلاتتىن مەلۇم بولۇشىچە، 2021-يىلى 12-ئاينىڭ 1-كۈنىگىچە دۇنيا بويىچە جەمئىي 293 ژۇرنالىست تۈرمىگە قامالغان بولۇپ، بۇلارنىڭ 22 سى شەرقىي تۈركىستانلىق ئۇيغۇر ژۇرنالىست ئىكەن. بۇ سانلىق مەلۇمات بويىچە بولغاندا ئۇيغۇر ژۇرنالىستلار خىتايدا تۇتقۇن قىلىنغان ژۇرنالىستلارنىڭ 44% نى تەشكىل قىلىدىكەن، شۇنداقلا دۇنيا بويىچە تۇتقۇن قىلىنغان ژۇرنالىستلارنىڭ 7.5% نى ئىگىلەيدىكەن.

دوكلاتتا خىتاينىڭ 2020-يىلىدىكى نوپۇس تەكشۈرۈشى بويىچە ئۇيغۇرلار نوپۇسىنىڭ 11 مىليون 600 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئوخشىمىغان مىللەتلەر ئىچىدە كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلىدىغانلىقى، ئەمما ئۇيغۇرلار خىتايدىكى 1 مىليارد 400 مىليون نوپۇسنىڭ ئاران 0.83% نى تەشكىل قىلىدىغانلىقى، سان جەھەتتە شۇنچە ئاز نىسبەتنى ئىگىلەيدىغان ئۇيغۇرلاردىن تۇتقۇن قىلىنغان ژۇرنالىستلارنىڭ 44% تىن ئىبارەت بۇنچۇۋالا كۆپ نىسبەتنى تەشكىل قىلىشىنىڭ كىشىنى چۆچۈتىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن.

ژۇرنالىستلارنى قوغداش كومىتېتى ئېلان قىلغان دوكلاتتا ئاشكارىلىنىشىچە، خىتايدا تۈرمىگە قامالغان ژۇرنالىستلارنىڭ تىزىملىكىدە 22 ئۇيغۇر بار بولۇپ، بۇلارنىڭ بىرمى 2016-يىلىدىن كېيىن قولغا ئېلىنغان. قالغانلىرى 2009-يىلدىن 2014-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ھەرخىل تۆھمەت بىلەن قولغا ئېلىنغان. قولغا ئېلىنغان 22 ئۇيغۇر ژۇرنالىستنىڭ توققۇزى بېيجىڭ مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سابىق ئىقتىساد پروفېسسورى ئىلھام توختى قۇرغان «ئۇيغۇر بىز» ناملىق تور بېكەتنى ئورتاق قۇرغۇچىلار ئىكەن.

**ئىلھام توختىنىڭ قىزى جەۋھەر ئىلھامنىڭ ئامېرىكا ئاۋازىغا ئاشكارىلىشىچە، دادىسىنىڭ تور بېتىدە ئىشلىگەن بىر قىسىم ئۇيغۇر ژۇرنالىستلارنىڭ جازا مۇددىتى توشۇپ 2019-يىلى ياكى 2020-يىلغىچە قويۇپ بېرىلىشى كېرەك بولسىمۇ، بىراق ھازىرغىچە قويۇپ بېرىلمىگەن.**

**جەۋھەر ئىلھام مۇخبىرغا يەنە: «نەۋرە تۇغقانلىرىم دادامنىڭ سۈرىتى ۋە ماقالىلىرىنى ساقلىغانلىق باھانىسى بىلەن 10 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى» دېگەن.**



# خىتاي بۇ يىل روزا ھېيتتىمۇ ساختىپەزلىكتىن ۋاز كەچمىدى

**خىتاي بۇ يىلمۇ ساختا كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ «خاتىرجەم ۋە خۇشال-خۇرام» روزا ھېيت ئۆتكۈزگەنلىكىنى دەۋا قىلىپ، خەلقئارانىڭ كۆزىنى بوياشقا ئۇرۇندى.**

خىتاي رېجىمى بۇ يىل روزا ھېيتنى خەلقئارادىن پەرقلىق ھالدا قەستەن 3-مايغا بېكىتكەن بولۇپ، ھېيت كۈنى ساختا تەشۋىقات ۋاستىلىرىنى قايتىدىن ئىشقا سالغان.

خىتاي ئىچىدىكى ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا تارقالغان بىر نەچچە سىنىدا قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئالدىدا بىر توپ ئۇيغۇرلارنىڭ روزا ھېيتنى تەبرىكلەپ، ساما ئويناۋاتقانلىقىدەك كۆرۈنۈش تارقالغان.

بۇ خىتاينىڭ يىللاردىن بېرى كۆپلەپ قوللىنىپ كېلىۋاتقان تاكتىكىسى بولۇپ، ھەر قېتىمدا پۈتۈن دۇنياغا تونۇشلۇق بولغان ۋەكىللىك ئورۇن ھېيتگاھ جامەسى مەيدانىنى سەھنە ئورنىدا ئىشلەتمەكتە ۋە بۇ ئارقىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى، خۇسۇسەن ئىسلام دىنىي باستۇرۇش سىياسىتىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنماقتا.

خىتاي رېجىمى بۇلتۇر روزا ھېيتتىمۇ ئوخشاش ھېيلىنى ئىشقا سالغان بولسىمۇ، ساختىپەزلىكى ئاشكارىلىنىپ قالغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا تارقىلىپ كەتكەن بىر سىنىدا خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ھېيتتىن بىر كۈن بۇرۇنلا ئۇيغۇرلارنى ھېيتگاھ جامەسى ئالدىغا يىغىپ، ساما ئويناشنى مەجبۇرىي مەشىق قىلدۇرغانلىقى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، ئەتراپتىكى نازارەت قىلىۋاتقان كادىرلارمۇ دىققەت تارتقانىدى. چەت ئەللىك مۇخبىرلار كىشىلەرنىڭ مەيدانغا قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ نەگە ماڭغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇلار نېمە ئىشلىقىنى ئۇقمايدىغانلىقىنى، يۇقىرىدىن مەيدانغا يىغىلىشقا بۇيرۇغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى.

> **كۆزەتكۈچىلەر خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى يوشۇرۇش، شۇنداقلا ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي ئەمەلدارىنىڭ بارغانسېرى يېقىنلىشىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان زىيارىتىگە كوزىر قىلىش ئۈچۈن، بۇ ۋاستىنى قوللانغانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.**

# ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرى باچېلېتنى شەرقىي تۈركىستان زىيارىتىنى كېچىكتۈرۈشكە چاقىردى



دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى 200 دىن ئارتۇق ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرى، ھۆكۈمەتسىز ئورگانلار ۋە گۇرۇپپىلار بىرلەشمە باياناتى ئېلان قىلىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىنسان ھەقلىرى ئالىي ئەمەلدارى مىشېل باچېلېتنى شەرقىي تۈركىستان زىيارىتى پىلانىنى ئۆزگەرتىشكە چاقىردى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، 220 تەشكىلات 5-ماي ئېلان قىلغان مەزكۇر بىرلەشمە باياناتتا، بۇ مەزگىلدە زىيارەت قىلىشىنىڭ ئەمەلىيەتتە خىتاينىڭ خەلقئارالىق قاراتقان تەشۋىقاتىغا پايدىلىق بولۇشى مۇمكىنلىكى تەكىتلەنگەن. شۇنداقلا مىشېل باچېلېتنىڭ ھازىرغا قەدەر خىتاي كوممۇنىست رېجىمىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ باقمىغانلىقى، شۇنداقلا بۇ مىللەتلەر توپىدىن خىتاي رېجىمىنىڭ باستۇرۇش سىياستى ھەققىدە ئەھۋال ئىگىلەپ باقمىغانلىقى قەيت قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مىشېل باچېلېتنىڭ بۇندىن ئىلگىرى ئۇيغۇر، تىبەت، موڭغۇللارنىڭ ئىچىدىكى شاھىتلارنىڭ بىۋاستە كۆرۈشۈپ، ئۆز ئەھۋالىنى بىلدۈرۈش تەلىپىنى رەت قىلغانلىقى ئىلاۋە قىلىنغان.

باياناتتا يەنە خىتاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستاننى چەكلىمىسىز ۋە ھەقىقىي ئەھمىيەتكە ئىگە ھالدا تەكشۈرۈشكە يول قويىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىشتىن بۇرۇن، باچېلېتنىڭ بۇ قېتىملىق زىيارەتنى كېچىكتۈرۈشى كېرەكلىكى، بۇ شەرتلەر كاپالەتكە ئىگە بولماي تۇرۇپ زىيارەت داۋام قىلغان تەقدىردە، باچېلېتنىڭ بۇ قېتىملىق تەستە كەلگەن پۇرسەتنى نابۇت قىلىۋېتىدىغانلىقى، شۇنداقلا خىتايغا ئۆز جىنايەتلىرىنى ئاقلايدىغان يەنە بىر كوزىر پەيدا قىلىپ بېرىدىغانلىقى تەكىتلەنگەن.

**مىشېل باچېلېتنىڭ ئىشخانىسى بولسا خىتاينىڭ «نازارەت قىلىنمايدىغان، چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان» زىيارەتكە قوشۇلغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولۇپ، خىتاينىڭ بۇ ئاتالمىش ۋەدىسى قاتتىق گۇمان قوزغىماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىرگە خىتايمۇ ھازىرغا قەدەر بۇ قېتىملىق زىيارەتنىڭ تەكشۈرۈش ئۇچۇن ئەمەسلىكىنى، بەلكى دوستانە پىكىر ئالماشتۇرۇش ئىكەنلىكىنى قايتا-قايتا جار سېلىپ كەلمەكتە.**

ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي ئەمەلدارى ئىشخانىسىنىڭ ئالدىن ئەۋەتىلگەن گۇرۇپپىسى 25-ئاپرېل خىتايغا يېتىپ بارغان بولۇپ، ئالىي ئەمەلدار مىشېل باچېلېتنىڭ بۇ ئاي ئىچىدە زىيارەتنى باشلايدىغانلىقى مەلۇم بولماقتا.



# خىتاي مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشقا ئالاقىدار بىر قىسىم سانلىق مەلۇماتنى ئاشكارىلىدى

***خىتاي تەشۋىقات ئورگانلىرىنىڭ خەۋەرلىرى 2012-يىلىدىن 2021-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ھەرخىل ناملار بىلەن مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنغان شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئالاقىدار بىر قىسىم سانلىق مەلۇماتلىرىنى كۆرسىتىپ بەردى.***

**خىتاي يېقىنقى يىللاردىن بېرى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىنىڭ بىر قىسمى بولغان سۈرگۈن قىلىش جىنايىتىنى ئاتالمىش «يېزا ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش»، «نامراتلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش»، «يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش»، «ئىشىك ئالدىدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش» قاتارلىق ناملار بىلەن پەردازلاپ كەلمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلار زىچ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىكى خەلقنى خىتاي ئۆلكىلىرىگە سۈرگۈن قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا زور تۈركۈمدىكى خىتايلارنى يەرلەشتۈرۈپ كەلمەكتە.**

خىتاي تەشۋىقات ئورگىنى تەڭرىتاغ تورىنىڭ 5-مايدىكى خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي دائىرىلىرى «ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش» نامىدا كۆپ خىل يول، كۆپ خىل ۋاسىتىلەر ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشنى، سۈرگۈن قىلىشنى مۇقىم ھالدا كېڭەيتكەن. بۇنىڭ نەتىجىسىدە 2012-يىلىدىن 2021-يىلىغىچە، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندىكى شەھەر-بازارلاردا يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 469 مىڭدىن ئارتۇق كىشى ھەرخىل تەرىقىدە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنغان.

**خەۋەردە خىتاي رېجىمىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاتالمىش «يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش» نامىدىكى سىياسىتىنى نۇقتىلىق يولغا قويۇپ، توقۇمىچىلىق، كىيىم-كېچەك، ئېلېكترونلۇق ئىستېمال بۇيۇملىرى، كۆندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى قاتارلىق ئەمگەك كۆچۈملەشكەن كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، 2012-يىلىدىن 2021-يىلىغىچە پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېزىلىرىدىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ 28 مىليون 420 مىڭ ئادەم قېتىم «ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى» دەۋا قىلىنغان.**



خەۋەردە قەشقەر شەھىرى شامالباغ بازىرىدا «چېڭشى كەنتى 2-، 3-كەسىپ سانائەت باغچە رايونى» دەپ نام بېرىلگەن ئەمگەك رايونى مىسال تەرىقىسىدە قەيت قىلىنغان بولۇپ، مەزكۇر ئورۇنغا كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ قۇرۇلغانلىقى، «ئىشىك ئالدىدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش» نامىدا 600 دىن ئارتۇق يېزا ئاھالىسىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغانلىقى بىلدۈرۈلگەن. ھالبۇكى، خىتاي رېجىمى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش جىنايىتىنى ئىزچىل ھالدا «ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش» نامىدا يوشۇرۇپ كەلمەكتە.

خىتاي يېقىندىن بۇيان يىللاردىن بېرى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە بىر تەرەپتىن جازا لاگېرى ۋە تۈرمىلەرگە قاماشنى زور دەرىجىدە كۈچەيتسە، يەنە بىر تەرەپتىن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش»، «ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش» نامىدا ئۆز يۇرتلىرىدىن سۈرگۈن قىلىپ باشقا جايلاردا مەجبۇرىي ئەمگەككە سالماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىرگە خىتاي ئۆلكىلىرىدىن خىتاي ئاققۇنلىرىنى شەرقىي تۈركىستانغا كېلىپ، سۈرگۈن قىلىنغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئورنىغا يەرلەشتۈرۈش ئۈچۈن، يۇقىرى مائاش، ھەقسىز ئۆي، ھەقسىز يەر قاتارلىق تەمىناتلار ئارقىلىق قىزىقتۇرۇپ، بۇ ھەقتىكى تەشۋىقاتلىرىنى كۈچەيتمەكتە.

**ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى دېھقان-ئىشچىلار خىزمىتى باشقارمىسىنىڭ بايانلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي ئاتالمىش «14-بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە، شەرقىي تۈركىستاندا ھەر يىلى يېزا ئەمگەك كۈچلىرىنى 2 مىليون 750 مىڭ ئادەم قېتىم مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشنى پىلانلىغان بولۇپ، ئاتالمىش «يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش»، «ئۆز جايىدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش»، «يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش» قاتارلىق ئىبارىلەر قايتا تەكرارلانغان.**





# زۇمرەت داۋۇتنىڭ لاگېر هاياتى تەسۋىرلەنگەن خەۋەر خەلقئارالىق مۇكاپاتقا ئېرىشتى

***لاگېر شاهىتى زۇمرەت داۋۇت خانىمنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرىدا باشتىن كەچۈرگەن ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرى تەسۋىرلەنگەن رەسىملىك خەۋەر خەلقئارادىكى نوپۇزلۇق مۇكاپات هېسابلىنىدىغان «پۇلىتزېر مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى.***

ئاخبارات، ئەدەبىيات قاتارلىق ساهەلەردىكى نادىر ئەسەرلەر ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان پۇلىتزېر مۇكاپاتىنىڭ بۇ يىللىقى 9-ماي ئېلان قىلىنغان بولۇپ، مۇكاپاتنىڭ «رەسىملىك خەۋەر ۋە ئوبزور» تۈرىگە لاگېر شاهىتى زۇمرەت داۋۇت خانىمنىڭ جازا لاگېرىدا باشتىن كەچۈرگەن ئېچىنىشلىق كۈنلىرى تەسۋىرلەنگەن، بۇ ئارقىلىق خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى پۈتۈن دۇنياغا يورۇتۇپ بەرگەن «مەن خىتاينىڭ جازا لاگېرىدىن قانداق قۇتۇلدۇم» سەرلەۋهەلىك رەسىملىك خەۋەر تاللاندى.




مەزكۇر رەسىملىك خەۋەر فەهمىدە ئەزىم، ئانتونى دېل كول ۋە جوش ئادام قاتارلىق ئۈچ ئاپتور تەرىپىدىن تەييارلانغان بولۇپ، بۇلتۇر 28-دېكابىر «Insider» توربىدا ئېلان قىلىنغان. خەۋەردە زۇمرەت داۋۇت خانىمنىڭ قانداق بولۇپ جازا لاگېرىغا قامالغانلىقى، جازا لاگېرىدا باشتىن كەچۈرگەن ۋە شاهىت بولغان ئېچىنىشلىق ۋەقەلەر ۋە ئۇنىڭ قانداق بولۇپ لاگېردىن قۇتۇلۇپ چىققانلىقى كارتون رەسىم ۋە بايانلار ئارقىلىق تەپسىلىي تەسۋىرلەپ بېرىلگەن.

پۇلىتزېر مۇكاپاتى 1917-يىلى ئامېرىكىدا تەسىس قىلىنغان خەلقئارالىق نوپۇزلۇق مۇكاپاتلاردىن بىرى بولۇپ، ئاخبارات، ئەدەبىيات، تىياتىر ۋە مۇزىكا قاتارلىق ساهەلەردىكى نادىر ئەسەرلەر تاللىنىدۇ. مۇكاپات هەر يىلى 5-ئاينىڭ تۇنجى دۈشەنبىسىدە تارقىتىلىپ كەلمەكتە.




**”يېقىنقى يىللاردىن بېرى شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىنىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى، خۇسۇسەن ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى تېررور سىياسىتى سەۋەبلىك ئىزچىل تۈردە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ قاتتىق تەنقىدىگە ئۇچراپ كېلىۋاتقان خىتاي رېجىمى ھەرخىل يالغان تەشۋىقاتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقاندى. يېقىندا ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي ئەمەلدارىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلىش پىلانى كۈنتەرتىپكە كېلىشكە باشلىغاندىن كېيىن، ئەپتى-بەشىرىسىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن خىتاي ھەرخىل ۋاستىلەر بىلەن يالغان تەشۋىقاتلىرىنى تېخىمۇ كۈچەپ ئىجرا قىلىشقا باشلىدى.**

خىتاي شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، خىتاي دائىرىلىرى 10-ماي ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئاتالمىش «شىنجاڭدىكى دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى» تېمىسىدا سىن يىغىنى ئاچقان بولۇپ، يىغىن جەريانىنى تور ئارقىلىق 60 نەچچە دۆلەتكە تارقاتقان.

خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كۆزىنى بوياش مەقسىتىدە ئېچىلغان مەزكۇر يىغىندا ئاتالمىش «شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى»نىڭ مۇدىرى، قورچاق ئەمەلدار ئابدۇرەقىپ تۆمۈرنىياز ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان بولۇپ، ئۇ يىغىندا: «شىنجاڭدىكى دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى نۆۋەتتە تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن سەۋىيەگە يەتتى... ھەقىقەتنى كۆرگۈچى ھېچقانداق كىشى بۇنى ئىنكار قىلالمايدۇ» دەپ نومۇسسىزلارچە بىلجىرلىغان.

يىغىندا يەنە ھېيتگاھ جامەسىنىڭ خاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان مەمەت جۇمە ۋە خوتەن، سانجى، غۇلجا قاتارلىق رايونلاردىن ئېلىپ كېلىنگەن خىتاي قولچوماقلىرى بىر-بىرلەپ سۆز قىلغان. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئالدىن ئۆگىتىلگىنى بويىچە يالغان



گۇۋاھلىق بېرىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى، ئىسلام دىنىنى باستۇرۇش سىياسىتىنى ئىنكار قىلىپ، خەلقنىڭ بارلىق ھوقۇقلىرىنىڭ كاپالەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىشقان.

يىغىندا سۆز قىلغان ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق بىرلىكسەپ بۆلۈمى»نىڭ باشلىقى، قورچاق ئەمەلدار زۇمرەت ئوبۇل سۆز قىلىپ: «شىنجاڭدا دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى ئاساس قىلغان ئاساستا خەلقئارادىكى دىنىي تەشكىلاتلار بىلەن ئالاقىنى ساقلاپ كەلدى. ئۇلارنى زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلىش ئارقىلىق رايوننىڭ ۋەزىيىتىنى چۈشىنىش تەلەپ قىلىندى» دەپ بىلجىرلىغان.

خىتاي يېقىنقى يىللاردىن بېرى شەرقىي تۈركىستاندا ئاتالمىش «ئىسلام دىنىنى خىتايلاشتۇرۇش، سوتسىيالىزمغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش» قاتارلىق ناملاردا 16 مىڭدىن ئارتۇق مەسچىتنى چېقىۋەتكەن ياكى ۋەيران قىلغان. قىسمەن مەسچىتلەرنى مەيخانا، چايخانا ياكى ساياھەت ئورنىغا ئۆزگەرگەن. بارلىق دىنىي زاتلارنى تۇتقۇن قىلغاندىن باشقا، ئازراقلا دىنىي چۈشەنچىسى بولغان مىليونلىغان خەلقنى جازا لاگېرى ياكى تۈرمىگە قامىغان. ھەتتا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆزئارا «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېگەن سالام سۆزلىرىمۇ ئەسەبىيلىكنىڭ ئىپادىلىرى دەپ قارىلىپ چەكلەنگەن. پەقەت ئاز ساندىكى بىر قىسىم مەسچىتلەر خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كۆزىنى بوياش مەقسىتىدە قالدۇرۇپ قويۇلغان. جۈملىدىن قەشقەردىكى داڭلىق ھېيتگاھ مەسچىتى پەقەت ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋالىدىغان ئورۇن قىلىنغان بولۇپ، ناماز ئوقۇش چەكلەنگەن.

نەچچە كۈن ئىلگىرىكى روزا ھېيت كۈنى خىتاي خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كۆزىنى بوياش ئۈچۈن، قەشقەر ھېيتگاھ جامەسى ئالدىدا بىر توپ ئۇيغۇرنىڭ ساما ئۇسسۇلى ئوينىغان ساختا كۆرۈنۈشىنى تارقاتقان. گەرچە خىتاي ھېيتگاھ جامەسىدە ناماز ئوقۇشنى چەكلەپ، ساياھەت ئورنى قىلىۋالغىنىغا نەچچە يىل بولغان بولسىمۇ، بۇ قېتىملىق پىلانلىق ئويۇندا شەھەر ئەتراپىدىكى ئۇيغۇر ئەمەلدار ۋە خەلقنى مەجبۇرىي ساماغا دەسسىگىلى سالغان. خىتاينىڭ بۇ قىلمىشى بۇلتۇرمۇ ئوخشاش تەرىقىدە ئىجرا قىلىنغان بولۇپ، خەلقنىڭ بىر كۈن بۇرۇن يىغىۋېلىنىپ، مەشىق قىلدۇرۇلغانلىقى ئاشكارىلىنىپ، خەلقئارالىق تاراتقۇلاردا خەۋەر قىلىنغانىدى.



# خىتاي تەكلىماكاندىكى تەقلىدىي ھەربىي نىشانلارنى تېخىمۇ كۆپەيتتى

ئەڭ يېڭى سۈنئىي ھەمراھ سۈرەتلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي شەرقىي تۈركىستاننىڭ قۇملۇق رايونلىرىدا تەقلىدىي ھەربىي نىشانلارنى تېخىمۇ كۆپەيتكەن بولۇپ، بۇنى يىراق مۇساپىلىك ھەربىي پاراخوتقا قارشى باللىستىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىنىقى ئۈچۈن ئىشلەتكەن.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ 13-مايدىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ چاقىلىق تەۋەلىكىدىكى قۇملۇقلارغا كۆپلىگەن چوڭ تىپتىكى تەقلىدىي نىشانلار يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە بىر تەقلىدىي دېڭىز ئارمىيە بازىسىمۇ بار ئىكەن. سۈنئىي ھەمراھ سۈرەتلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇلارنىڭ ئىچىدە دېڭىز ئارمىيەسى نىشانىدىن بىر نەچچىسى بار بولۇپ، يەنە ئىككىسى پورتقا توختىتىلغان ھەربىي پاراخوتقا تەقلىد قىلىنغانىكەن.

خەۋەردە تەيۋەن بوغۇزىدىكى جىددىيچىلىك سەۋەبلىك، خىتاينىڭ مەزكۇر تەقلىدىي نىشانلارنى تېخىمۇ كۆپەيتكەنلىكى، بۇ ئارقىلىق ئاۋىياماتكىغا قارشى ھەربىي ئىقتىدارىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشنى پىلانلىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

بۇ خىتاينىڭ تەكلىماكان قۇملۇقىدا قۇرۇپ چىققان تەقلىدىي ھەربىي نىشانلارنىڭ تۇنجى قېتىم بايقىلىپ قېلىشى ئەمەس بولۇپ، بۇلتۇر 11-ئايدا ئامېرىكىنىڭ بىر سۈنئىي ھەمراھ شىركىتى تارقاتقان سۈرەتلەردىمۇ تەكلىماكان قۇملۇقىدا خىتاينىڭ ئامېرىكا پاراخوتلىرىغا ئوخشاش چوڭلۇقتىكى تەقلىدىي مودېللارنى قۇرۇپ چىققانلىقى، ئۇنىڭ ئىچىدە كەم دېگەندە بىرىنىڭ ئاۋىياماتكىغا، يەنە بىرىنىڭ قوغلىغۇچى پاراخوتقا ئوخشايدىغانلىقى ئاشكارىلانغانىدى. شۇنداقلا خىتاينىڭ ئامېرىكا ئۇرۇش پاراخوتلىرىنى نىشان قىلغان ھالدا، مەزكۇر تەقلىدىي مودېللارنى تەقلىدىي ئىزدەش ۋە سىناق نىشانى سۈپىتىدە ئىشلىتىشى مۇمكىنلىكى قەيت قىلىنغانىدى.





# خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى مېڭە يۇيۇش ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسىم نەتىجىسىنى ئېلان قىلدى

خىتاي كومپارتىيەسى 18-قۇرۇلتىيىدىن بۇيان زور كۆلەمدە ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى تەشكىللەپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۆسمۈرلەرگە مېڭە يۇيۇش سىياسىتى ئىجرا قىلغانلىقىغا ئالاقىدار بىر قىسىم سانلىق مەلۇماتلارنى ئېلان قىلدى.

خىتاي تەشۋىقات ئورگىنى تەڭرىتاغ تورىنىڭ 14-مارتتىكى خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى تولۇق ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش رەزىل مەقسىتىدە، مەخسۇس ۋە قوشۇمچە ۋەزىپىدىكى ئىدىيەۋى-سىياسىي نەزەرىيە دەرسى ئوقۇتقۇچىلىرىنى سەپلىگەن بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئاتالمىش «ئىدىيەۋى-سىياسىي نەزەرىيە دەرسى ئوقۇتۇش تەتقىقات ئاپپاراتى» قۇرۇپ چىققان. نۆۋەتتە، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندىكى ئالىي مەكتەپلەردە مەخسۇس ۋەزىپىدىكى ئىدىيەۋى-سىياسىي نەزەرىيە دەرسى ئوقۇتقۇچىسى جەمئىي 1524 گە، مەخسۇس ۋەزىپىدىكى يېتەكچى ئوقۇتقۇچى 2723 گە يەتكەن.

خەۋەردە ئاشكارىلىنىشىچە، خىتاي رېجىمىنىڭ «يېزا يەسلىلىرىدە يەسلى يېشىغا يەتكەن ئۆسمۈرلەرنىڭ يەسلىگە كىرىشكە تېگىشلىكلىرى تولۇق كىرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، بىرمۇ بالىنى چۈشۈرۈپ قويماسلىق» بۇيرۇقى بويىچە، 2017-يىلى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندا يېڭىدىن سېلىنغان ۋە ئۆزگەرتىپ كېڭەيتىپ سېلىنغان 4408 يېزا يەسلىسى ئومۇميۈزلۈك ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن. ئۇندىن باشقا خىتاي يېزىلاردىكى «ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەنلەر ئۈچ يىللىق مائارىپى» بويىچە يەسلىگە كىرىش يېشىغا يەتكەن بالىلارنىڭ ئىشىك ئالدىدىلا يەسلىگە كىرىشىنى يولغا قويغان.

نەتىجىدە بۇلتۇر يىل ئاخىرىغىچە شەرقىي تۈركىستان بويىچە ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەنلەرنىڭ يەسلىگە كىرىش ئومۇمىي نىسبىتى 98.19% كە يەتكۈزۈلگەن.

خىتاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستاندا يەسلى يېشىدىكى بالىلارنىمۇ ئائىلە مۇھىتىدىن ئايرىپ، ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشتىن ئىبارەت رەزىل مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، ياتاقلىق مەكتەپ تۈزۈمىنى بارلىق شەھەر-يېزىلاردا يولغا قويغانىدى. بۇ ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاندا كەڭ كۆلەملىك ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزگەندىن سىرت، ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئۆسمۈرلەرگە قارىتا مەجبۇرىي خىتايلاشتۇرۇش، قىزىللاشتۇرۇش سىياسىتىنىمۇ كۈچەپ ئىجرا قىلماقتا.

نىيۇيورك ۋاقىت گېزىتىنىڭ 2020-يىلى دېكابىردىكى بىر خەۋىرىدە خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا 500 مىڭ ئۇيغۇر ئۆسمۈرنى ئائىلىسىدىن ئايرىۋەتكەنلىكى، ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ناملار بىلەن پەردازلانغان بالىلار لاگېرىغا يىغىۋېلىنغانلىقى ئاشكارىلانغانىدى. نۆۋەتتە بۇ رەقەمنىڭ تېخىمۇ زورايغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە.

كۆزەتكۈچىلەر خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاتا-ئانىسى جازا لاگېرى ياكى تۈرمىلەرگە قامالغان ئۆسمۈرلەرنى مەجبۇرىي يىغىۋېلىش ئارقىلىق، ئۇلارنى ئۇيغۇر مەدەنىيەت مۇھىتىدىن پۈتۈنلەي ئايرىپ، دىنىي ئېتىقادى، مىللىي كىملىكىدىن پۈتۈنلەي يىراقلاشتۇرغان ھالدا، كىچىكىدىن باشلاپلا خىتايلاشتۇرۇپ تەربىيەلەشنى تېخىمۇ كۈچەيتكەنلىكىنى بىلدۈرمەكتە.



# ساقچى دائىرىلىرىنىڭ سانلىق مەلۇمات ئامبىرى خىتاينىڭ جىنايىتىنى ئاشكارىلىدى

خىتاي ساقچى دائىرىلىرىنىڭ يېقىندا ئاشكارىلانغان بىر قىسىم سانلىق مەلۇمات ئامبىرى 30 مىڭغا يېقىن ئۇيغۇرنىڭ تۇتقۇندا ئىكەنلىكىنى دەلىل-ئىسپاتلىق ھالدا دۇنياغا پاش قىلىپ بەردى.

**ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ 14-مايدىكى خەۋەردە بىلدۈرۈلۈشىچە، نورۋېگىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر پائالىيەتچى ئابدۇۋەلى ئايۇپ ئامېرىكا ئاۋازىغا خىتاي ساقچى دائىرىلىرىنىڭ ئاشكارىلىنىپ كەتكەن ئىككى يۈرۈش سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى تەمىنلىگەن بولۇپ، مەزكۇر مەلۇمات ئامبىرىدا خىتاي رېجىمى يېقىنقى يىللاردا شەرقىي تۈركىستاندا تۇتقۇن قىلغان 30 مىڭغا يېقىن ئۇيغۇرنىڭ ئۇچۇرلىرى خاتىرىلەنگەن. مەزكۇر ئۇچۇرلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تۇتقۇن قىلىنغان مەزكۇر ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسمى، جىنسى، كىملىك نومۇرى، ئادرېسى، بېكىتىلگەن ئاتالمىش «جىنايەتلىرى»، جازا مۇددىتى ۋە قامالغان تۈرمىنىڭ ئادرېسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.**

سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، تۇتقۇن قىلىنغان ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىنچىسىگە ئاتالمىش «توپلىشىپ جەمئىيەت تەرتىپىنى قالايمىقان قىلىش، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ئۆكتەملىك قىلىش» دېگەندەك تۆھمەتلەر ئارتىلغان.

خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى باياناتچىسى فىرانسىيە ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ ئاشكارىلانغان مەزكۇر تىزىملىك توغرىسىدىكى سوئالىغا جاۋاب بېرىپ: «بىز بىر قىسىم تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەر توقۇپ چىققان شىنجاڭ ھەققىدىكى يالغان خەۋەرلەرنى رەت قىلدۇق. شىنجاڭدا جەمئىيەت مۇقىم، بارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆز ھوقۇقىدىن تولۇق بەھرىمەن





بولۇۋاتىدۇ» دەپ بىلجىرلاپ، پولاتتەك پاكىت ئالدىدىمۇ جىنايىتىنى ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇنغان.

فىرانسىيە خەۋەر ئاگېنتلىقى يەنە مۇھاجىرەتتىكى بىر نەچچە ئۇيغۇرنى زىيارەت قىلغان بولۇپ، ئۇلار سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدىن ئائىلىسىنىڭ قامالغانلىقىغا ئائىت تەپسىلاتلارغا ئېرىشكەنلىكىنى بىلدۈرۈشكەن. شۇلاردىن قاتارىدىن ئىستانبۇلدا ياشاۋاتقان نۇرسىمانگۇل ئابدۇرېشىت تېلېفون ئارقىلىق ئامېرىكا ئاۋازىغا ئۆزىنىڭ مەزكۇر سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدىن ئىنىسى ۋە قوشنىسىنىڭ تۈرمىگە قامالغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارنى تاپقانلىقىنى ئېيتقان.

گەرچە خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن بېرى، تېررور سىياسىتىنى ئىزچىل توختاتمىغان بولسىمۇ، بىراق 2014-يىلىدىن باشلاپ، ئاتالمىش «بۆلگۈنچىلىك، تېررورلۇق ۋە ئاشقۇنلۇقتىن ئىبارەت ئۈچ خىل كۈچكە قاتتىق زەربە بېرىش» نامىدا باستۇرۇش ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى قايتىدىن كۈچەيتتى. بۇ جەرياندا زور كۆلەمدە جازا لاگېرى تەسىس قىلىپ، سىستېمىلىق تۇتقۇن قىلغان شەرقىي تۈركىستان خەلقى نەچچە مىليوندىن ئاشتى. بۇ سەۋەبلىك ئامېرىكا قاتارلىق سەككىز دۆلەتنىڭ ئوخشىمىغان دۆلەت ئاپپاراتلىرى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋەھشىيانە جىنايىتىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت» دەپ بېكىتتى. گەرچە كۆپلىگەن نوپۇزلۇق دوكلاتلار، شاھىتلار، ئاشكارىلانغان ھۆججەتلەر خىتاي رېجىمىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى پاش قىلغان بولسىمۇ، خىتاي ھازىرغا قەدەر بارلىق دەلىل-ئىسپاتلارنى ئىنكار قىلىپ كەلمەكتە.





# ئۇيغۇر ياش-ئۆسمۈرلىرى تۈركىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن پىكىر مۇسابىقىسىدە بىرىنچىلىككە ئېرىشتى

ئىستانبۇل فاتىھ رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىللىشى ۋە ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قوللىشىدا ئۆتكۈزۈلگەن پىكىر مۇسابىقىسىدە UyghurSTEM گۇرۇپپىسى بىرىنچىلىككە ئېرىشتى.

15-ماي بىر كۈن داۋاملاشقان مەزكۇر مۇسابىقىدە، قاتناشقۇچىلار كوچىلاردىكى ھايۋانلارنى باشقۇرۇش، قوغداش، تىزىملاش، بېقىش، تەربىيەلەش قاتارلىقلارنى باش تېما قىلغان بىر پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، باھالىغۇچىلارغا سۇنىدىغان بولۇپ، دەسلەپكى تاللاشتىن ئۆتكەن 30 گۇرۇپپىدىكى يۈزگە يېقىن ياش-ئۆسمۈر مۇسابىقىگە قاتناشقان. باھالىغۇچىلار فاتىھ رايونلۇق ھۆكۈمەت باشلىقى، ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورلىرى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرىدىن بولۇپ يەتتە كىشىدىن تەشكىللەنگەن.

**مۇسابىقىگە UyghurSTEM دىن گۇرۇپپا مەسئۇلى مۇھەممەتئىمىن نۇرىددىن باشچىلىقىدىكى تۆتەيلەن قاتناشقان بولۇپ، ماشىنىنى پاناھگاھ قىلغان ھايۋانلارنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇشقا ياردەم بېرىدىغان بىر روبوت لايىھەسى ياساپ سۇنغان. مۇسابىقىدە لايىھە پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش يېتەرلىك بولسىمۇ، UyghurSTEM گۇرۇپپىسى نەق مەيداندا ئىشلەپ پۈتتۈرگەن لايىھەسى بىلەن باشقىلاردىن خېلىلا پەرق ھاسىل قىلغان بولۇپ، ھەممەيلەننىڭ قىزىقىشىنى قوزغىغان، شۇنداقلا باھالىغۇچىلاردىمۇ ياخشى تەسىرات قالدۇرغان. نەتىجىدە بۇ قېتىملىق كەسكىن مۇسابىقىدە بىرىنچىلىككە ئېرىشكەن.**

مۇسابىقىدە نەتىجىگە ئېرىشكەنلەرگە جەمئىي 22 يېرىم مىڭ لىرا قىممىتىدىكى مۇكاپات تەقدىم قىلىنغان بولۇپ، ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى پىروفېسسور، دوكتور مەھمۇت ئاق ئەپەندى مۇكاپات تارقىتىپ بەرگەن. پائالىيەت ئاخىرىدا مەھمۇت ئەپەندى يەنە UyghurSTEM گۇرۇپپىسى بىلەن ئايرىم كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ بىرىنچىلىككە ئېرىشكەنلىكىنى تەبرىكلىگەن، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى ھەققىدە سۆھبەتلەشكەن.

UyghurSTEM گۇرۇپپىسى مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنى تەبىئىي پەن بىلىملىرىدە يېتەكلەش ۋە ئىلىم-پەنگە بولغان قىزىقىشىنى كۈچەيتىش مەقسىتىدە 2019-يىلى تۈركىيەدە قۇرۇلغان. نۆۋەتتە UyghurSTEM گۇرۇپپىسى ماتېماتىكا، فىزىكا، بىيولوگىيە، كومپيۇتېر پىروگراما تىللىرى ۋە روبوت دەرسلىرى بويىچە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيەلەپ كەلمەكتە.



# خىتاي جۇڭغار كۆمۈر كېنىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشنى تېخىمۇ كۈچەيتتى

ئالدىنقى يىلى خىتاينىڭ ئاۋستىرالىيە بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋىتى يىرىكلەشكەندىن كېيىن، ئىككى تەرەپ ئارىسىدىكى سودا مۇناسىۋىتىمۇ تەسىرگە ئۇچرىغان بولۇپ، نەتىجىدە ئالدىنقى يىلى ئاۋستىرالىيەدىن ئىمپورت قىلىنىدىغان كۆمۈر توختىتىلغان. كۆمۈر قىسلىقىغا دۇچ كەلگەن خىتاي ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش مەقسىتىدە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۆمۈر ۋە باشقا تەبىئىي بايلىقىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن.

تەڭرىتاغ تورىنىڭ 17-مايدىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتاي ئېنېرگىيە شىركىتى شەرقىي جۇڭغاردىكى ئۈستى ئوچۇق كۆمۈر كېنىنى قېزىشنى كۈچەيتكەن بولۇپ، بۇ يىل 1-پەسىلدە خىتاي ئېنېرگىيە گۇرۇھىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تارماق شىركىتى 18 مىليون 890 مىڭ توننا كۆمۈر قازغان.

خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ شەرقىي جۇڭغار ئۈستى ئوچۇق كۆمۈر كېنى رايونىنىڭ كۆلىمى 40 كىۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، بايلىق زاپىسى 2 مىليارد 606 مىليون توننا كېلىدىكەن. بۇ كاننىڭ كۆمۈرى ئەلا سۈپەتلىك ئوت كۈچى ئارقىلىق توك چىقىرىشقا، گازلاشتۇرۇشقا، سانائەت پار قازىنىغا ۋە پۇقرالارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا ئىشلىتىلىدىغان كۆمۈر قىلىشقا باب كېلىدىكەن. ئىگىلىنىشىچە، بۇ يىل 1-پەسىلدە خىتاي ئېنېرگىيە گۇرۇھىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تارماق شىركىتى 18 مىليون 890 مىڭ توننا كۆمۈر قېزىپ، بۇلتۇرقى شۇ مەزگىلدىكىدىن 5 مىليون 200 مىڭ توننا ئاشۇرغان. جەمئىي 19 مىليون 303 مىڭ توننا كۆمۈر سېتىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 5 مىليون 352 مىڭ توننا ئاشۇرۇپ، كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىشتا تارىختىكى يۇقىرى نۇقتىغا چىققان.

بىلدۈرۈلۈشىچە، بۇ تۈر 2020-يىلى خىتاي ئېنېرگىيە گۇرۇھى تەستىقلىغان قۇرۇلۇش كۆلىمى ئەڭ چوڭ تۈر ئىكەن. خىتاي ئىستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ سانلىق مەلۇماتىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2019-يىلى شەرقىي تۈركىستاندا پىششىقلانمىغان كۆمۈر مەھسۇلات مىقدارى 238 مىليون تونىنغا يەتكەن بولۇپ، خىتايغا نىسبەتەن 4-چوڭ ئاساسلىق كۆمۈر چىقىدىغان رايون بولۇپ قالغان.

خىتاي ئاۋستىرالىيەدىن زور مىقداردا كۆمۈر ئىمپورت قىلىپ كەلگەن بولۇپ، بۇندىن ئىلگىرى ئاۋستىرالىيەنى جازالاش مەقسىتىدە قوللانغان ئىمپورت چەكلىمىسى سەۋەبلىك، خىتاينىڭ بىر نەچچە ئۆلكىسىدە ئېغىر توك توختاپ قېلىش يۈز بەرگەن. توكنىڭ تەننەرخىمۇ ئېشىپ، كۆپلىگەن رايون ۋە زاۋۇتلارنى توك بىلەن تەمىنلىيەلمەسلىك ئەھۋالىغا دۇچ كەلگەن. بۇ سەۋەبلىك خىتاي كۆمۈر ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۆمۈر بايلىقىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش قەدىمىنى تېخىمۇ تېزلەتكەن.




# ب د ت ئەمەلدارنىڭ خىتايدىن زور مىقداردا پۇل قوبۇل قىلغانلىقى ئاشكارىلاندى

پايدا ئالمايدىغان بىر خەلقئارالىق تەشكىلاتنىڭ يېڭى ئېلان قىلغان دوكلاتىدا ئاشكارىلىنىشىچە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بىر ئالاھىدە دوكلاتچىسى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى ساختا تەشۋىقاتلىرىغا ماسلىشىپ بەرگەن ۋە خىتاي رېجىمىدىن 200 مىڭ دوللار قوبۇل قىلغان.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ خىزمەتلىرىنى نازارەت قىلىش مەقسىتىدە قۇرۇلغان، پايدا ئالمايدىغان خەلقئارالىق ئورگان «ب د ت كۆزىتىش تەشكىلاتى» 18-ماي ئېلان قىلغان يېڭى دوكلاتىدا ب د ت نىڭ مۇستەقىل مۇتەخەسسىسى ۋە ئالاھىدە دوكلاتچىسى ئالېنا دوھاننىڭ سەتچىلىكىنى ئاشكارىلىدى.

دوكلاتتا قەيت قىلىنىشىچە، ئالېنا دوھان 2020-يىلى 3-ئايدا ب د ت نىڭ تەكلىپى بىلەن مۇستەقىل مۇتەخەسسىس سۈپىتىدە ۋەزىپىگە ئولتۇرغان بولۇپ، ئۇ بۇلتۇر خىتاي رېجىمىدىن 200 مىڭ دوللار قوبۇل قىلغان ۋە بۇنىڭ بەدىلىگە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى ساختا تەشۋىقاتلىرىغا، ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى يوشۇرۇشىغا ماسلىشىپ بەرگەن.

مەلۇم بولۇشىچە، ئالېنا دوھان بۇلتۇر 9-ئايدا خىتاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئاتالمىش «شىنجاڭ ياخشى جاي» تېمىسىدىكى يىغىنىغا قاتنىشىپ، خىتاينىڭ بۇنى تەشۋىقات پۇرسىتى سۈپىتىدە قوللىنىشىغا شارائىت يارىتىپ بەرگەن.

ب د ت كۆزىتىش تەشكىلاتى مەزكۇر دوكلاتىدا ئالېنا دوھاننىڭ ب د ت نىڭ ئەڭ ئەقەللىي ئەخلاقىي پرىنسىپلىرىغا خىلاپلىق قىلغانلىقىنى تەكىتلىگەن ۋە خىتاي رېجىمىدىن قوبۇل قىلغان 200 مىڭ دوللارنى قايتۇرۇۋېتىشكە چاقىرغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ب د ت باش كاتىپى ئانتونىيو گۇتېرېس، كىشىلىك ھوقۇق ئالىي ئەمەلدارى مىشېل باچېلېت قاتارلىق ئەمەلدارلاردىن ئالېنا دوھاننىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتە قىلىشنى تەلەپ قىلغان.

ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي ئەمەلدارى مىشېل باچېلېت كېلەر ھەپتە شەرقىي تۈركىستاننى رەسمىي زىيارەت قىلىدىغان بولۇپ، پۈتۈن دۇنيا كۆز تىكىۋاتقان مەزكۇر زىيارەتنىڭ ھارپىسىدا ب د ت خادىمىنىڭ بۇ سەتچىلىكى خەلقئارادا كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغىدى.

بۇ ب د ت نىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدىكى تۇنجى قېتىملىق سەتچىلىكى ئەمەس. 2020-يىلى 11-ئايدا ب د ت نىڭ بىر سابىق خىزمەتچىسى ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ خىتاي دائىرىلىرىنى ئۇيغۇر پائالىيەتچىلىرىنىڭ تىزىملىكى بىلەن تەمىنلىگەنلىكىنى، بۇ ئەھۋالنىڭ ئۇزۇن يىل داۋاملاشقانلىقىنى ئاشكارىلىغانىدى. ئۇندىن باشقا ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي ئەمەلدارى ئىشخانىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار دوكلاتنى ھازىرغىچە ئېلان قىلماي تۇرۇۋېلىشىمۇ كۈچلۈك تەنقىدكە دۇچ كەلمەكتە.



# دوكلات:

# ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇشقا ۋاسىتىلىك ياردەم بەردى

***ئەنگلىيەدىكى بىر ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتنىڭ ئەڭ يېڭى دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، ئەنگلىيەدىكى «لوندون ساقچى ئىنستىتۇتى» شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىققا چېتىشلىق خىتاي ساقچى ئورگانلىرىنى ھەرخىل تۈرلەر بويىچە تەربىيەلەپ بەرگەن بولۇپ، مەزكۇر ئىنستىتۇت يەنە ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىدىن ياردەم ئېلىپ كەلگەنىكەن.***

ئەنگلىيەدىكى پايدا ئالمايدىغان ھۆكۈمەتسىز تەشكىلات «قىيىن-قىستاقتىن قۇتۇلۇش ئەركىنلىكى» 17-ماي شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار بىر دوكلات ئېلان قىلغان. دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، «لوندون ساقچى ئىنستىتۇتى» خىتاينىڭ جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىقى، خىتاي جامائەت خەۋپسىزلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، شاڭخەي جامائەت خەۋپسىزلىك ئىنستىتۇتى قاتارلىق سەككىز خىتاي ئورگىنى بىلەن قويۇق ئالاقە ئورناتقان ۋە ئۇلارنى ھەرخىل تۈرلەر بويىچە تەربىيەلىگەن. مەسىلەن: مەزكۇر ئىنستىتۇت خىتاي جامائەت خەۋپسىزلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنى تېررورلۇققا قارشى مەشىق تۈرى بىلەن تەمىنلىگەن. ھالبۇكى، خىتاينىڭ بۇ ئورگانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە چېتىشلىق بولۇپ كەلمەكتە.

گەرچە لوندون ساقچى ئىنستىتۇتى خەلقئارالىق ساقچى تەربىيەلەش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدىغان شەخسىي شىركەت بولسىمۇ، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بار ئىكەن ۋە ھۆكۈمەت ياردىمىگە ئېرىشىپ كەلمەكتىكەن.

دوكلاتتا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئاگاھلاندۇرۇلۇپ، مەزكۇر ھەمكارلىقنىڭ خىتاي تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كېتىلگەنلىكى، خىتاينىڭ يالغان تەشۋىقاتلىرى ئارقىلىق، شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇش سىياسىتىنى ئاتالمىش «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى سۈپىتىدە كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇۋاتقانلىقى، ئەنگلىيەنىڭ بۇنىڭغا يول قويماسلىقى كېرەكلىكى تەكىتلەنگەن.




# كانادا خۇاۋېي ۋە جۇڭشىڭنى 5G تورى سىستېمىسىدىن رەسمىي چەكلىدى

كانادا ھۆكۈمىتى 5G تورى سىستېمىسىدا خىتاينىڭ خۇاۋېي ۋە جۇڭشىڭ شىركەتلىرىنىڭ مەھسۇلاتلىرى ۋە مۇلازىمىتىنى ئىشلىتىشنى چەكلەش ھەققىدە رەسمىي قارار ماقۇللىدى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، كانادا ئەمەلدارى 19-ماي خىتاي تېلېگراف ماگناتى خۇاۋېي ۋە جۇڭشىڭنى كانادانىڭ 5G تورى سىستېمىسىدىن چىقىرىۋېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. بۇندىن ئىلگىرى ئامېرىكا ۋە باشقا مۇھىم ئىتتىپاقداشلىرى ئوخشاش ھەرىكەتنى باشلىغان بولۇپ، كانادامۇ ئىتتىپاقداشلىرىغا ئەگەشكەن.

خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى باياناتچىسى ۋاڭ ۋېنبىن 20-ماي مۇخبىرلارنىڭ بۇ ھەقتىكى سوئالىغا جاۋاب بېرىپ، كانادا ھۆكۈمىتىنىڭ ھېچقانداق دەلىل-ئىسپات يوق ئەھۋال ئاستىدا، بىخەتەرلىكنى باھانە قىلىپ، خىتاي تېخنىكا شىركىتىنى چەتكە قاققانلىقى، بۇنىڭ ئىقتىسادىي پرىنسىپ ۋە ئەركىن بازار نىزامىغا خىلاپ ئىكەنلىكى، خىتاي رېجىمىنىڭ بارلىق ۋاستىلەرنى ئىشلىتىپ، ئۆز شىركەت-كارخانىلىرىنى قوغدايدىغانلىقى ھەققىدە جار سالغان.

ئامېرىكا بۇنىڭدىن ئىلگىرى خىتاي تېخنىكا شىركەتلىرىنىڭ تېلېگراف ئۇل ئەسلىھەلىرىگە كىرىشىنىڭ بىخەتەرلىك خەۋپى بارلىقى، خىتاينىڭ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جاسۇسلۇق قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرغان. خۇاۋېي قاتارلىق شىركەتلەر ۋە خىتاي رېجىمى بولسا بۇ ئەيىبلەشنى رەت قىلغان. خىتاي يەنە تېلېگراف شىركەتلىرىنى چەكلەيدىغان دۆلەتلەرنىڭ يامان ئاقىۋەتكە دۇچ كېلىدىغانلىقى ھەققىدە تەھدىت سالغان.

فىرانسىيە ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋرىدە ئېيتىلىشىچە، خۇاۋېي شىركىتى ھازىرغىچە بۇ قارار ھەققىدە ئىپادە بىلدۈرمىگەن. كانادا سانائەت مىنىستىرى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا بۇ چەكلەش قارارىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، باياناتتا: «بۈگۈن بىز خۇاۋېي ۋە جۇڭشىڭ شىركىتىنىڭ مەھسۇلاتلىرى ۋە مۇلازىمىتىنى كانادا تېلېگراف سىستېمىسىدىن چەكلەش ھەققىدىكى قارارىمىزنى ئېلان قىلدۇق. بۇندىن ئىلگىرى بۇ مەسىلە ھەققىدە بىخەتەرلىك ئورگانلىرى ۋە ئەڭ يېقىن ئىتتىپاقداشلىرىمىز بىلەن مەسلىھەتلەشتۇق» دېيىلگەن.

بىلدۈرۈلۈشىچە، كانادا بىر نەچچە يىلدىن بۇيان 5G تورى تېخنىكىسى مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىۋاتقان بولۇپ، بۇ قارارنىڭ 2019-يىلىنىڭ بېشىدا بېكىتىلىشى مۆلچەرلەنگەن بولسىمۇ، مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن كېچىكتۈرۈلگەن.

مەلۇم بولۇشىچە، ھازىرغىچە ئامېرىكا، ئاۋستىرالىيە، ئەنگلىيە، يېڭى زېلاندىيە، ياپونىيە ۋە شىۋېتسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر 5G توردا خۇاۋېي تېخنىكىسىنى ئىشلىتىشنى چەكلىگەن. خۇاۋېي شىركىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى رېن جېڭفېي خىتاي ئارمىيەسىنىڭ سابىق ئىنژېنېرى بولغاچقا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى خۇاۋېينى دۆلەت بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يەتكۈزىدۇ، دەپ قاراپ كەلمەكتە.




# دۇنيا ئۆلىمالار قۇرۇلتىيىدا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى تىلغا ئېلىندى

مالايشىيادا ئۆتكۈزۈلگەن «ئەقسا مەسچىتى ۋە قۇددۇس ئۈچۈن ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئىتتىپاقى» تېمىسىدىكى دۇنيا مۇسۇلمان ئۆلىمالار قۇرۇلتىيى 19-مايدىن 23-مايغىچە مالايشىيادا ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، يىغىندا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىمۇ تىلغا ئېلىندى.

مەزكۇر قۇرۇلتاي مالايشىيا ھۆكۈمىتىنىڭ ساھىبخانلىقى، «MyAqsa» تەشكىلاتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، مالايشىيا ئىسلام پارتىيەسى، مالايشىيا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى قورغان ياردەم تەشكىلاتى، دۇنيا مۇسۇلمان ئالىملار بىرلىكى قاتارلىق ئاممىۋى ۋە سىياسىي تەشكىلاتلار ھەمكارلاشقان.




قۇرۇلتايغا مالايشىيا، ھىندونېزىيە، ئۆزبېكىستان، ئافغانىستان، مىسىر، سىنگال، سىنگاپور، جەنۇبى ئافرىقا قاتارلىق 40 نەچچە دۆلەتتىن كەلگەن دىنىي ئىشلار مىنىستىرلىرى، ئۆلىمالار بىرلىكلىرى ۋە ئىسلامىي تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرى، جامائەت ئەربابلىرى ۋە ئاۋانگارت ياشلار ئىشتىراك قىلغان. جۈملىدىن خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ ئىسلام دۇنياسى خەلق دىپلوماتىيە ئىشلىرى مەسئۇلى، شۇنداقلا دۇنيا مۇسۇلمان ئالىملار بىرلىكى ئەزاسى مۇھەممەد ئەمىن قارىم تەكلىپ بىلەن قاتناشقان.

**يىغىندا مۇھەممەد ئەمىن قارىم ئۆزىگە بېرىلگەن ئۈچ مىنۇت ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ۋاكالىتەن سۆز قىلغان. ئۇ سۆزىدە شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەن ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ۋەكىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ھەرقايسى ئىسلام دۆلەتلىرى، ئىسلامىي تەشكىلاتلار، ئۆلىمالار بىرلىكلىرى، دىنىي ئىشلار مىنىستىرلىقلىرى ۋە ۋەقفىلەرنى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئاھۇ-**

## زارىغىمۇ قۇلاق سېلىشقا، ئۇلار باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ھېچ بولمىغاندا ھېسداشلىق قىلىشقا، شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق دەۋاسىغا ياردەم قىلىشقا چاقىرغان.

ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا يەنە بۇ يىغىننىڭ مەخسۇس ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئىتتىپاقى تېمىسىدا ئېچىلغانلىقىنى، ئىسلام ئۈممىتى بىرلىشىش ئۈچۈن چوقۇم ئۈممەتكە تەۋە ھەرقانداق مۇسۇلمانغا ياردەم قىلىشى، بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى يولۇققان كىرىزىسلارنى بىلىشى كېرەكلىكىنى، ئۇلارنى خىتاي بىلەن ھەرقايسى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي ۋە مىللىي مەنپەئەتكە تاشلاپ قويماسلىقىنى، پەلەستىندىكى ئەقسا مەسچىتى مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلگەندەك، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگىمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ، كۆپلەپ تەشۋىق قىلىشقا چاقىرىق قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

مۇھەممەد ئەمىن قارىم يەنە خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىگە ۋاكالىتەن ھەرقايسى دۆلەتلەردىن كەلگەن تەشكىلات ۋە بىرلىكلەرنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىنى تونۇشتۇرغان ھەمدە ئۇلاردىن شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق دەۋاسىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈشنى تەلەپ قىلغان.

مەلۇم بولۇشىچە، مەزكۇر يىغىندا «ئەقسا مەسچىتى ۋە قۇددۇس ئۈچۈن ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئىتتىپاقى» تېمىسى تۆت گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ مۇھاكىمە قىلىنغان بولۇپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئومۇمىي ئىستراتېگىيە كېڭەش يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇلغان، شۇنداقلا پەلەستىن ۋە ئەقسا مەسچىتى مەسىلىسىنى قانداق ھەل قىلىش ھەققىدە تەكلىپلەر قوبۇل قىلىنغان.





# شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرىغا ئالاقىدار زور مىقداردىكى ھۆججەتلەر ئاشكارىلاندى

مىشىل باچېلېتنىڭ شەرقىي تۈركىستان زىيارىتى خەلقئارانىڭ دىققىتىنى قوزغىغان ۋە كۈنتەرتىپكە كەلگەن بىر پەيتتە، BBC ئېلان قىلغان ئۇيغۇرلارغا ئالاقىدار يەنە بىر مۇھىم خەۋەر ئىجتىمائىي تاراتقۇلارنى زىلزىلىگە سالدى.

**BBC ئېلان قىلغان «خىتاينىڭ ئۇيغۇر يىغىۋېلىش لاگېرىدىكى چىرايلار» سەرلەۋھەلىك مەزكۇر خەۋەرنى بۇندىن بۇرۇن شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار كۆپلىگەن مۇھىم خەۋەرلەرنى ئىشلىگەن ب ب س نىڭ داڭلىق مۇخبىرى جون سۇدۋورس تەييارلىغان. خەۋەردە خىتاي ساقچى دائىرىلىرىنىڭ كومپيۇتېر ئارخىپلىرىدىن ئېرىشىلگەن ئۇچۇرلار ئاشكارىلانغان بولۇپ، جازا لاگېرىدىكى 2900 غا يېقىن ئۇيغۇرنىڭ سۈرەتلىرى، شۇنداقلا خىتاي دائىرىلىرىنىڭ جازا لاگېرىدىن قېچىشقا ئۇرۇنغانلارنى ئىككىلەنمەي ئېتىپ ئۆلتۈرۈش ھەققىدە چۈشۈرگەن بۇيرۇقلىرى كۆرسىتىپ بېرىلگەن.**

مەزكۇر ئۇچۇرلار خاككېرلارنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن قولغا چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، باشتا گېرمانىيەلىك تەتقىقاتچى ئادرىيان زېنزغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن. ئادرىيان ئەپەندى بولسا بۇ ئۇچۇرلارنى بۇ يىلنىڭ بېشىدا BBC غا تەمىنلەپ بەرگەن. ئۇچۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى كونىشەھەر ناھىيەسىگە ئالاقىدار بولۇپ، سۈرەتتىكى تۇتقۇنلارنىڭ ئەڭ كىچىكى 15 ياشلىق قىز، ئەڭ چوڭى 73 ياشلىق موماي ئىكەن.

خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، ئاشكارىلانغان مەزكۇر سۈرەتلەر 2018-يىلى 1-ئايدىن 7-ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا جازا لاگېرى ياكى تۈرمىلەردە تارتىلغان بولۇپ، خىتاي شۇ مەزگىلدە تەييارلاۋاتقان چىراي تونۇش ئۇچۇر ئامبىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن بولۇشى مۇمكىن ئىكەن. خاككېرلار ئېرىشكەن مەلۇماتلار يەنە تۇتقۇنلارنىڭ تىزىملىكىنى، جازا لاگېرىنىڭ ئىچىدە تارتىلغان بىر تۈركۈم سۈرەتلەرنى، شۇنداقلا خىتاي دائىرىلىرىنىڭ جازا لاگېرىدىكى تۈزۈملىرىگە ئالاقىدار مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.





خەۋەردە تۇرسۇن مەمتىمىن ۋە ئايالى ئايشىگۈل تۇرغۇن مىساللارنىڭ بىرى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان. ئۇلارنىڭ ئۈچ پەرزەنتى بار بولۇپ، ئېرىشىلگەن سۈرەتنىڭ ئىچىدە ئۇلارنىڭ ئالتە ياشلىق ۋە ئون ياشلىق ئىككى قىزىنىڭ سۈرىتىمۇ بار ئىكەن. خەۋەردە ئاتا-ئانىسى جازا لاگېرىغا قامالغان بۇنىڭغا ئوخشاش بالىلارنىڭ تەقدىرى ھەققىدە بىر قىسىم مەلۇماتلارنىڭ بارلىقى، يەنى ئۇلارنىڭ بالىلار لاگېرىغا ئەۋەتىلىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان.



BBC بۇ بىر نەچچە ئاي جەريانىدا باشقا خەلقئارالىق ئاخبارات ئورگانلىرى ۋە مۇتەخەسسىسلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ، بۇ مەلۇماتلارنى رەتلەپ ۋە تەكشۈرۈپ چىققان. خەۋەر دەل ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي ئەمەلدارى مىشېل باچېلېتنىڭ شەرقىي تۈركىستان زىيارىتى باشلانغان ۋاقىتتا ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغىدى. بولۇپمۇ سۈرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قايغۇلۇق ۋە قورقۇنچقا تولغان چىرايلىرى، يەنە كېلىپ بىر قىسىم ئۆسمۈرلەرنىڭمۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار قاتارىدا بولۇشى مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى قاتتىق قايغۇغا سالدى.




نۆۋەتتە، ئاشكارىلانغان مەزكۇر مەلۇماتلارنىڭ ھەممىسى «شىنجاڭ ساقچى ھۆججەتلىرى» ناملىق تور بەتكە ئارخىپلاشتۇرۇپ چىقىرىلغان.




# ئىستانبۇلدا «يوشۇرۇلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق» تېمىسىدا نامايىش ئۆتكۈزۈلدى

خىتاينىڭ يېقىندا ئاشكارىلانغان مەخپىي هۆججەتلىرى خەلقئارادا كۈنتەرتىپكە كەلگەن بىر پەيتتە، پۈتۈن دۇنيا خەلقىنى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى توختىتىشقا چاقىرىش مەقسىتىدە، 26-ماي خىتاينىڭ ئىستانبۇلدىكى باش كونسۇلخانىسى ئالدىدا زور كۆلەملىك نامايىش ۋە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

نامايىشنى خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى تەشكىللىگەن بولۇپ، مىڭلىغان نامايىشچىلار بىر نەچچە كۈن بۇرۇن ئاشكارىلانغان تۇتقۇندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سۈرەتلىرى چۈشۈرۈلگەن پىلاكاتلارنى كۆتۈرگىنىچە، «ئىرقىي قىرغىنچىلىق توختىتىلسۇن» دەپ تۇرلۇك شوئارلارنى تۈۋلىدى. ئالدى بىلەن تۈركىيە ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ دۆلەت مارشلىرى ئوقۇلغاندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستان ئىنسان هەقلىرىنى كۆزىتىش جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى نۇرىددىن ئىزباسار خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىگە ۋاكالىتەن دۇنيا خەلقىنى شەرقىي تۈركىستاندىكى «يوشۇرۇلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق»نى توختىتىشقا چاقىرىق قىلىپ، بايانات ئوقۇپ ئۆتتى.

باياناتتا خىتاي رېجىمىنىڭ 2013-يىلىدىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستاندا جازا لاگېرى تەسىس قىلىشقا باشلىغانلىقى، لاگېر ۋە تۈرمىلەردە ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان هالدا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزگەنلىكى، يېقىندا ئاشكارىلانغان كوناشەهەر هۆججەتلىرىنىڭ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى دۇنياغا پاكىتلىق هالدا ئىسپاتلاپ بەرگەنلىكى، ئەمما خىتاينىڭ تەشۋىقات كۈچى، يالغان تەشۋىقاتلىرى ئارقىلىق خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالداشقا ئۇرۇنغانلىقى بىلدۈرۈلدى.



نۇرىددىن ئىزباسار باياناتىدا يەنە يېقىندا ئاشكارىلانغان جىنايەت پاكىتلىرىنىڭ خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ۋىجدانىغا سىگنال بېرىۋاتقانلىقىنى، شۇڭا بارلىق خەلقئارا جەمئىيەت ۋە دۆلەتلەرنى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ ئېتىراپ قىلىشقا هەمدە خىتايىنى خەلقئارا ئادالەت سوتىغا تارتىپ، تېگىشلىك جازا بېرىشكە چاقىرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.



شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ رەئىس ۋەكىلى مەھمۇدجان داموللام ئەرەب-ئىسلام ئەللىرىگە خىتاب قىلىپ، ئۇلارنى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈشكە چاقىردى. ئۇ باياناتىدا قەشقەر ۋىلايىتىدىكى بىر كىچىك ناھىيەدە نۇرغۇن ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ چوڭ-كىچىك، قېرى-ياش دېمەستىن تۇتقۇن قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى مەخپىي ھۆججەتنىڭ ئاشكارىلانغانلىقىنى، بۇ ھۆججەتلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئېغىر ۋەزىيىتىنى ئىسپاتلايدىغان روشەن پاكىت ئىكەنلىكىنى، خىتاينىڭ ئاتالمىش «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش» باھانىسى بىلەن، ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلارنى باستۇرۇپ، ئىرقىي قىرغىنچىلىق سادىر قىلغانلىقىنى، بۇ مەسىلىدە ئىسلام ئەللىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى بارلىقىنى بىلدۈردى.

ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا يەنە ئەرەب-ئىسلام ئەللىرىنىڭ قىيامەت كۈنى بۇ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلغان-قىلمىغانلىقى ھەققىدە سوراققا تارتىلىدىغانلىقىنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە، ئۇلارنى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئىجرا قىلىۋاتقان ۋەھشىيانە جىنايەتلىرىگە سۈكۈت قىلماسلىققا، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى قوللاشقا چاقىردى.



ئارقىدىن يەسەۋىي ئالپەرەنلەر جەمئىيىتى رەئىسى كۇرشات مىجان سۆز قىلىپ، نۆۋەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ ئېغىر كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان بىر مىللەت ئىكەنلىكىنى، خىتاي رېجىمىنىڭ ئۇيغۇرلارغا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىنى، ئەمما تۈرك-ئىسلام دۇنياسىنىڭ بۇنىڭغا سۈكۈت قىلىۋاتقانلىقىنى، ئەسلىدە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا ھەممىدىن بۇرۇن ئىگە بولۇشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.

ئارقىدىن ئۇيغۇر مويسىپىتلىرىدىن مەھمۇد توختى ئەمىن سۆز قىلىپ، ئۆزىنىڭ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسى لەڭگەر يېزىسىدىن ئىكەنلىكىنى، يېقىندا ئاشكارىلانغان ھۆججەتلەر ئارقىلىق غاپپار توختى، بارات توختى ئىسمىلىك ئىككى ئوغلى ۋە ئارزۇگۈل ئىسىملىك بىر نەۋرىسىنىڭ تۇتقۇندا ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئايرىم-ئايرىم ھالدا 2017-يىلى ۋە 2018-يىلى تۇتقۇن قىلىنغانلىقىنى خىتاينىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنىڭ ئىسپاتى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتى ۋە شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى خىتايغا قارشى ئويغىنىشقا چاقىردى.



ئاخىرىدا ئۆسمۈرلەردىن رەشىدە ياسىن تۈركچە قىسقا يازمىسىنى ئوقۇپ، خىتاينىڭ ھەتتا كىچىك مەسۇم باللارغا ۋە بوۋاي-مومايلارغىمۇ «تېررورچى» دەپ تۆھمەت قىلغانلىقىنى، خىتاينىڭ بۇ زىيانكەشلىكلىرىنى، جىنايەتلىرىنى ھەرگىز كەچۈرمەيدىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتتى.

24-ماي BBC دا ئېلان قىلىنغان ئۇيغۇرلارغا ئالاقىدار خەۋەردە خىتاي ساقچى دائىرىلىرىنىڭ كومپيۇتېر ئارخىپلىرىدىن ئېرىشىلگەن بىر تۈركۈم ئۇچۇرلار ئاشكارىلانغان بولۇپ، جازا لاگېرىدىكى 2900 غا يېقىن ئۇيغۇرنىڭ سۈرەتلىرى، شۇنداقلا خىتاي دائىرىلىرىنىڭ جازا لاگېرىدىن قېچىشقا ئۇرۇنغانلارنى ئىككىلەنمەي ئېتىپ ئۆلتۈرۈش ھەققىدە چۈشۈرگەن بۇيرۇقلىرى كۆرسىتىپ بېرىلگەنىدى ۋە خەلقئارادا كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغىغانىدى.



# ئىككىنچى نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستان مىللىي كېڭىشى گېرمانىيەدە باشلاندى

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەشكىللىگەن ئىككىنچى نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستان مىللىي كېڭەش يىغىنى 26-ماي گېرمانىيەنىڭ مىيۇنخېن شەھىرىدە باشلاندى.

يىغىنغا ھەرقايسى دۆلەتلەردىن كەلگەن قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى، تەشكىلات رەھبەرلىرى، چەت ئەللىك پارلامېنت ئەزالىرى، پائالىيەتچىلەر ۋە لاگېر شاھىتلىرى قاتناشقان. يىغىنغا يەنە خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىدىن بىرلىك رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان، شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىسى دوكتور ئاتاۋۇللاھ شاھيار، شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى باش كاتىپى ئابدۇلئەھەد ئابدۇراھمان قاتارلىقلار تەكلىپ بىلەن ئىشتىراك قىلغان.

يىغىندا ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان «مىللىي مۇستەقىللىق دەۋايىمىزنىڭ قىزىل سىزىقىدۇر» تېمىسىدا سۆز قىلغان. ئۇ سۆزىدە مەيلى قايسى شەخس ياكى تەشكىلات بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، نۆۋەتتىكى مۇجادىلىمىزنىڭ شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىشى كېرەكلىكىنى، ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكىگە قارشى داۋام قىلىۋاتقان كۈرەش بولسا نىشانغا يېتىش يولىدىكى ۋاستە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

ئۇ سۆزىدە يەنە: «شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىسمى، تۇپراق پۈتۈنلۈكى، ئىگىلىك ھوقۇقى، بايرىقى، مىللىي كىملىكى، ئىسلامى، تىلى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ ئىنتايىن سەزگۈر، چېقىلىشقا ۋە تالاش-تارتىش قىلىشقا بولمايدىغان، شۇنداقلا قەتئىي ۋاز كېچىشكە بولمايدىغان قىزىل سىزىقىمىزدۇر» دەپ تەكىتلىگەن. ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا ھەقىقىي مىللىي دەۋا قىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ۋە ئومۇمىي خەلقنىڭ خىتاي كوممۇنىست رېجىمى ۋە شەرقىي تۈركىستانغا يەرلەشتۈرۈلگەن خىتاي ئاققۇنلىرىنى «ئىشغالىيەتچى كۈچ» دەپ قارايدىغانلىقىنى، شۇڭا ھەرقانداق شەخس، گۇرۇھ ۋە تەشكىلاتلار يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سىياسىي قاراشلارغا ئىگە بولۇشى، قوغدىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرگەن.

ئۇندىن باشقا د ئۇ ق ئۇيۇشتۇرغان ئىككىنچى نۆۋەتلىك مىللىي كېڭەش يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن گېرمانىيەنىڭ مىيۇنخېن شەھىرىگە جەم بولغان ئۇيغۇرلار 24-ماي شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي ساقچى دائىرىلىرىنىڭ مەخپىي ئارخىپلىرىنىڭ ئاشكارىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن، مىيۇنخېندىكى خىتاي كونسۇلخانىسىنىڭ ئالدىدا نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزگەن. نامايىشتا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا داۋام قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى قاتتىق ئەيىبلىنىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ غەزەپ-نەپرىتى بىلدۈرۈلگەن.




تەتقىقات ئورگانلىرىنىڭ ئەڭ يېڭى دوكلاتى گۇگېل، بىڭ ۋە يۇتيۇب قاتارلىق تور سۇپىلىرىنىڭ ئىزدەش نەتىجىسىنى ئالدىغا چىقىرىش ئارقىلىق، خىتاينىڭ ساختا تەشۋىقاتلىرىغا يول ئېچىپ بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى.

خەلقئارالىق مۇستەقىل تەتقىقات ئورگانلىرىدىن بىرۇكىڭ ئىنستىتۇتى ۋە دېموكراتىيەنى قوغداش ئىتتىپاقى بىرلىكتە تەييارلىغان يېڭى دوكلاتنى ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ گۇگېل ۋە مىكروسوفت شىركىتىنىڭ ئىزدەش ماتورلىرى ئارقىلىق، شەرقىي تۈركىستان ۋە خىتاي ۋىرۇسىغا ئالاقىدار ساختا تەشۋىقاتلىرىنى ئۈنۈملۈك تارقاتقانلىقىنى ئاشكارىلىدى.

FIGURE 2

Chinese state media frequently appeared in top search results for both neutral and loaded terms related to Xinjiang




دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، تەتقىقاتچىلار مىكروسوفت شىركىتىگە تەۋە بولغان بىڭ ئىزدەش ماتورى، بىڭ خەۋەرلىرى ۋە گۇگېل شىركىتىگە تەۋە بولغان گۇگېل ئىزدەش ماتورى، گۇگېل خەۋەرلىرى ۋە يۇتيۇب قاتارلىق بەش مەنبەدىن «شىنجاڭ»، «ئۇيغۇر»، «ئادرىيان زېنز»، «كورونا ۋىرۇسى» قاتارلىق شەرقىي تۈركىستان ۋە خىتاي ۋىرۇسىغا ئالاقىدار 12 ھالقىلىق سۆزنىڭ 120 كۈنلۈك ئىزدەش نەتىجىسىنى توپلىغان ۋە كىشىنى چۆچۈتىدىغان خۇلاسىگە ئېرىشكەن.

**گۇگېل ۋە بىڭ ئىزدەش ماتورىدىن «شىنجاڭ» دېگەن ھالقىلىق سۆزگە ئالاقىدار خەۋەرلەرنى ئىزدىگەندە، خىتاي ئورگان تاراتقۇلىرىنىڭ كەم دېگەندە بىر خەۋىرىنىڭ ئالدىنقى ئون ئىزدەش نەتىجىسى ئىچىگە تىزىلىش نىسبىتى 88% كە يەتكەن. يۇتيۇبتا بۇ ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىر بولۇپ، ئوخشاشلا «شىنجاڭ» دېگەن سۆزنى ئىزدىگەندە، خىتاي ئورگان تاراتقۇلىرىغا تەۋە ۋىدىيولارنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئون ۋىدىيونىڭ ئىچىدە بولۇش نىسبىتى 98% كە يەتكەن.**

TABLE 1

## 16% of top search data collected over 120 days returned Chinese state media content

| Search engine | Total observations | Chinese state media observations | Not Chinese state media observations | Percentage Chinese state media |
|---|---|---|---|---|
| Bing News | 12,477 | 2,260 | 10,217 | 18% |
| Google News | 14,310 | 3,525 | 10,785 | 25% |
| Bing Search | 15,840 | 762 | 15,078 | 5% |
| Google Search | 13,255 | 1,076 | 12,179 | 8% |
| YouTube | 14,160 | 3,568 | 10,592 | 25% |
| **TOTAL** | **70,042** | **11,191** | **58,851** | **16%** |

ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا بولسا، گۇگېل خەۋەرلىرى ۋە بىڭ خەۋەرلىرىدىن شەرقىي تۈركىستان ۋە خىتاي ۋىرۇسىغا ئالاقىدار ھالقىلىق سۆزلەرنى ئىزدىگەندە، خىتاي ئورگان تاراتقۇلىرىنىڭ خەۋەرلىرى ئومۇمىي نەتىجىنىڭ 22% نى ئىگىلىگەن. يۇتيۇبتا بولسا خىتاي ئورگان تاراتقۇلىرىنىڭ ۋىدىيولىرى ئومۇمىي ئىزدەش نەتىجىسىنىڭ 25% نى ئىگىلىگەن. بۇلار پەقەت خىتاي ئورگان تاراتقۇلىرىنى ئاساس قىلىپ ئېرىشكەن نەتىجە بولۇپ، خىتاينىڭ چەت ئەللىك ياللانما تەشۋىقاتچىلىرى يوللىغان مەزمۇنلارنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا، بۇ نىسبەت تېخىمۇ يۇقىرى بولىدىكەن.

ھالبۇكى، گۇگېل ۋە يۇتيۇب خىتايدا پۈتۈنلەي چەكلەنگەن بولۇپ، مىكروسوفت شىركىتىنىڭ بىڭ ئىزدەش ماتورىمۇ خىتاي نۇسخىسىدىكى چەكلىك مۇلازىمىتى بىلەن خىتايدىكى مەۋجۇتلۇقىنى ساقلىماقتا. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا، گۇگېل، بىڭ، يۇتيۇب قاتارلىق خەلقئارالىق تور سۇپىلىرىدا خىتاي ئورگان تاراتقۇلىرىنىڭ غايەت زور مىقداردىكى ئۈچۈرلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى، يەنە كېلىپ ئىزدەش نەتىجىسىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئالالىشى ھەقىقەتەن كىشىنى چۆچۈتىدىكەن.

گۇگېل شىركىتى ۋول كوچىسى گېزىتىگە بىلدۈرگەن ئىپادىسىدە، شىركەتنىڭ پىكىر ئەركىنلىكىنى قوغداش بىلەن بىرگە، تەسىر كۆرسىتىش ۋە تور نازارىتى ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان. مىكروسوفت شىركىتىمۇ مەزكۇر دوكلاتقا قاراپ چىقىۋاتقانلىقىنى، شىركەتنىڭ ھەرۋاقىت ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.







From left to right: Examples of tweets from China's consul general in Durban, South Africa, and China's embassy in the Netherlands highlighting the genocide of Native Americans and referring to genocide allegations as "the lie of the century" (February 9, 2022, and December 2, 2021).






ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي ئەمەلدارى مىشېل باچېلېتنىڭ شەرقىي تۈركىستان زىيارىتى ئاخىرلىشىپ، شەنبە كۈنى زىيارەت ھەققىدە ئېلان قىلغان باياناتى پۈتۈن دۇنيادا غۇلغۇلا قوزغىدى ۋە قاتتىق نارازىلىقلارغا سەۋەب بولدى. شۇنداقلا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا ئۇنى ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىشكە چاقىردى.

مىشېل باچېلېتنىڭ شەنبە كۈنى خىتايدىن قايتىشتىن بۇرۇن ئېلان قىلغان باياناتى ۋە مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئورگان تور بېتىدە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ھەرقايسى نوپۇزلۇق ئاخبارات ئورگانلىرى تەرىپىدىن بەس-بەستە تارقىتىلغان. باياناتقا ئاساسەن، زىيارەتنىڭ پۈتۈنلەي خىتاينىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بولغانلىقى، مىشېل باچېلېتنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالغا ئالاقىدار ھېچقانداق ئېنىق مەلۇماتقا ئېرىشەلمىگەنلىكى ھەققىدىكى ئانالىزلار كۆپلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا.

**باچېلېتنىڭ باياناتىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇ خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۈرۈمچى ۋە قەشقەردە بۇ قېتىملىق زىيارەت ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان بىر تۈرمە ۋە ئاتالمىش «قايتا تەربىيەلەش مەركىزى»نى زىيارەت قىلغان. ئۇ جەنۇبىي خىتاي سەھەر پوچتىسى گېزىتى مۇخبىرىنىڭ بۇ ھەقتە سورىغان سوئاللىرىغىمۇ تۈزۈكرەك جاۋاب بېرەلمەستىن، ئۆزىنىڭ قەشقەر تۈرمىسىنى ۋە بىر «كەسپىي تەربىيەلەش مەركىزى»نى زىيارەت قىلغانلىقىنى ۋە تۈرمىدىكىلەرنىڭ ياتاق شارائىتلىرى ۋە ئەركىن پائالىيەتلىرىنى كۆرگەنلىكىنى، بۇنىڭ بىلەن كەسپىي تەربىيەلەش مەركەزلىرىگە ئومۇميۈزلۈك باھا بېرىشكە ئامالسىز ئىكەنلىكىنى، شۇنداقتىمۇ ھۆكۈمەتكە بۇلارنى نازارەت قىلىدىغان مۇستەقىل ئەدلىيەنىڭ كەمچىل ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى بىلدۈرۈش بىلەنلا كۇپايىلەنگەن.**

مىشېل باچېلېت يەنە خىتاي دائىرىلىرىنى يىللاردىن بۇيان ئائىلىسى بىلەن ئالاقە قىلالمايۋاتقان ئۇيغۇرلارغا ئۇلارنىڭ ئائىلە ئەزالىرى ھەققىدە ئۇچۇر بېرىشكە چاقىرغان بولۇپ، خىتاينىڭ بۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاب بەرگەنلىكى تېخى نامەلۇم.

24-ماي BBC تەرىپىدىن ئاشكارىلانغان ۋە دۇنيادا غۇلغۇلا قوزغىغان شەرقىي تۈركىستاندىكى ساقچى دائىرىلىرىنىڭ مەخپىي ھۆججەتلىرىدىكى پولاتتەك پاكىتلار خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى

دۇنياغا يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلاۋاتقان بىر پەيتتە، مىشېل باچېلېتنىڭ خىتايدىن قورۇق قول قايتىشى ب د ت نىڭ كىشىلىك ھوقۇق ساھەسىدىكى نوپۇزىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزگەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە.

كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ خىتاي ئىشلىرى مەسئۇلى سوفى رىچاردسون بۇ ئىشتىن ھەيران قالغانلىقى ۋە جەددىيلەشكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ: «دۇنيادىكى ئەڭ نوپۇزلۇق بۇ كىشىلىك ھوقۇق ئەمەلدارى دۇنيادا ئىككىنچى چوڭ قۇدرەتكە ئىگە بولغان ۋە خەلقئارا قانۇننى ئېغىر دەپسەندە قىلغۇۋاتقان خىتايغا باش ئەگدى. ئۇ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ھەم خىتاينى زىيارەت قىلغۇۋاتقان مەزگىلدە نەق شۇ يەردە يۈز بېرىۋاتقان ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلەرنى ئەستايىدىل تەكشۈرمىدى، بۇنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ» دېدى.



خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى باش كاتىپى ئاگنېس كالامارد باچېلېتنىڭ باياناتىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ: «بۇ باياناتنىڭ ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي ئەمەلدارىغا تەۋە ئىكەنلىكىگە ۋە خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش تەس» دېگەنلەرنى بىلدۈردى.

ئۇ يەنە باچېلېتنىڭ بايانلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ۋە تىبەت ھەققىدىكى مەزمۇنلارنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى ۋە ئۇنىڭ بۇ سۆزلەرنى قىلغۇۋاتقاندا دۇدۇقلاپ قالغانلىقىنى بىلدۈرۈپ: «ئالدىمىزدىكى بىردىنبىر يول ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى تەييارلىغان ۋە ئۈزۈندىن بۇيان ئېلان قىلماي كېلىۋاتقان دوكلاتنىڭ ئېلان قىلىنىشىدۇر. باچېلېت خانىممۇ سۆزىدە ئېيتقىنىدەك، ئائىلىسى بىلەن ئالاقە قىلالمايۋاتقان چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەسىلىسىنى خىتايغا بىلدۈرگەن بولسا، باچېلېتنىڭ ئىشخانىسى بۇنى يېقىندىن كۆزىتىشى ۋە خىتاي رېجىمىنىڭ تۇتقۇنلارنىڭ ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشى ۋە ئائىلە ئەزالىرى بىلەن قەرەللىك ئالاقىلىشىش مەسىلىسىدە چىڭ تۇرۇشى كېرەك» دېگەنلەرنى بىلدۈردى.

تەتقىقاتچى ئادرىيان زېنزمۇ بۇ ھەقتە توختىلىپ: «ھەقىقىي ئەھۋال كىشىلەرنىڭ ئويلىغىنىدىن كۆپ ئېغىر، دەۋرىمىزدىكى ئەڭ ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى ئۇ قىلمىشنى سادىر قىلغۇچىلار تەرىپىدىن ‹ئىچكى مەسىلە› دەپ قارالدى. مىشېل باچېلېت شىنجاڭ دائىرىلىرىنى ئاقلانە ئىش قىلغۇچىلاردەك كۆرۈپ قالدى، ئەسلىدە ئۇ مەزكۇر دائىرىلەر ئىجرا قىلىۋاتقان ئاتالمىش ‹ئەسەبىيلىكنى يوقىتىش› سىياسىتىنىڭ خەلقئارا ئۆلچەمگە چۈشمەيدىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ بېقىشى كېرەك ئىدى» دېدى.

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى بۇ ھەقتە نارازىلىق باياناتى ئېلان قىلىپ، باچېلېتنىڭ بۇ قېتىملىق زىيارەت جەريانىدا ئاللىبۇرۇن كۈچلۈك دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلىنىپ بولغان خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە كۆز يۇمۇپ، ئاتالمىش «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش» سىياسىتىنى قوللىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئەمەلىيەتتە ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ ئەقەللىي پرىنسىپلىرىنى دەپسەندە قىلغانلىق ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى. شۇنداقلا مىشېل باچېلېتنى ئىستېپا بېرىشكە، خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرىنىمۇ بۇ نۇقتىدىن ب د ت غا بېسىم قىلىشقا چاقىردى.

ئۇيغۇر ھەرىكىتى تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى روشەن ئابباس خانىممۇ ئەلجەزىرە قانىلىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، باچېلېتنىڭ بۇ قېتىملىق زىيارەتتە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرىگە كۆز يۇمۇپلا قالماي، ئۇلارنىڭ تەرىپىنى ئالغانلىقىنى، باچېلېتنىڭ ب د ت دىكى ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈردى.




ب د ت نىڭ كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتچىسى ئالېنا دوھان خىتاي رېجىمىدىن 200 مىڭ دوللار قوبۇل قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى ئاقلىشىغا ياردەم بەردى.

شەرقىي تۈركىستاندا نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟

بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان زۇلۇملارنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى يالغان ئۇچۇرلىرىنى ۋە كۆز بوياmچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.


| | |
|---|---|
| باش مۇھەررىر | **ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق** |
| تەھرىر | **ي. قۇرۇم** |
| لايىھەلىگۈچى | **ئۆركەش** |
| ھەجۋىي رەسىم | **رەدۋا ئادىل** |
| نەشر قىلغۇچى ئورۇن | **شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى** |
| نەشر تۈرى | **ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى** |
| ئادرېس | **Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6 Dük. 2**<br>**Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL** |



**info@turkistanmedia.com**
**www.istiqlalhaber.com**
**www.istiqlalmedia.com**
**+90 212 540 31 15**
**+90 553 895 19 33**
**+90 541 797 77 00**